پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى باشتىن - ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاش

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى ھەم «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدىن خاتىرە

(بېشى 1 - بەتتە)

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتىگە كېلىپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

پارتىيە ئەزالىرى پائالىيەت ئۆيىدىكى تامدا ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتىنىڭ باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە كونكرېت قەدەم - باسقۇچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئۆگىنىش - تەربىيە پەقەت باشلىنىش بولۇپلا قالماي، بەلكى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈش بولۇپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۆزلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك».

ئۇزۇن ئۈستەلگە بىر رەت ئالاقىدار ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ۋە پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەت خاتىرىسى تىزىپ قويۇلغانىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «مەن ئاساسلىقى ئەمەلىي ئۈنۈمگە قارايمەن، ئاچقۇچ ھۆججەتنى ئىجرا قىلىشتا. قانۇن - نىزام، تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك، يېرىم - يارتا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، ھۆججەت تارقىتىلغاندىن كېيىن، ھەممىسىنى تامغا ئېسىپ قويۇشنىڭ، ئارخىپ ئىشكاپىدا دۆۋىلەپ ساقلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك».

ئەمەلىيەتچىل بولۇش شامىلى يوپۇرۇلۇپ كەلدى. باش تېما تەربىيەسىنىڭ يۆنىلىشى ئىنتايىن ئايدىڭ بولدى، يەنى شەكىلۋازلىقتىن، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنىڭ 70 - يىلى. باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «مۇشۇ پەيتتە بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى».

1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ قانات يايدۇرۇلغانلىقىغا بىر ئايدىن كۆپرەك بولدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى قانداق؟ قانداق نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئۇ بىرقانچە ئاچقۇچلۇق مەسىلە ئۈستىدە نۇقتىلىق توختالدى.

■ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قەيەردە؟

تونۇش جايىدا بولغاندىلا، ئاندىن ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بولىدۇ.

«باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قەيەردە؟» باش شۇجى شى جىنپىڭ تەبىئىي بايلىق نازارىتىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئاۋۋال بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالدى.

بۇ مەسىلىنى ئۇ ئىلگىرى كۆپ قېتىم چوڭقۇر شەرھلىگەنىدى. بۇ يىل 5 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ جياڭشى گەنجوۋدىكى كونا ئىنقىلابىي رايونغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرگەندە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: «باش تېما تەربىيەسى غايە - ئېتىقادنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشتۇر، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان ۋاقىتتا كېيىنكى 70 يىلنى جاكارلاپ، قايتا جابدۇنۇپ قايتا سەپەرگە ئاتلىنىشتۇر».

ۋەزىيەت داۋالغۇغان قىزىل سەھىپىنى ۋاراقلىساق، پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى چىڭ ساقلىغانلىقىدەك بىر قىسىم جانلىق دەرسلىك كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «دۈشمەننىڭ جاللاتلىق قىلىچىغا دۇچ كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن ئىنقىلابىي قۇربانلار ‹كاللا كەتسە كەتسۇنكى، قان ئاقسا ئاقسۇنكى، پەزىلەتنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، مەسلەكنى يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ› دەيدىغان قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش روھىنى نامايان قىلالىدى؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ قەلبىگە پارتىيەنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنى چىڭ پۈككەنلىكىدە، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى چىڭ پۈككەنلىكىدە».

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «بۈگۈن، يەنىلا كۆپلەپ تۈرلۈك سىناقلارغا دۇچ كەلدۇق، بەزىدە ھەتتا ھايات - ماماتلىق سىنىقىغىمۇ دۇچ كېلىمىز. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىزنىڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلىرىمىز پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەستە چىڭ ساقلىيالامدۇ - يوق، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ - يوق، بۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز جاۋاب بېرىشىمىزگە تېگىشلىك بىر كەسكىن مەسىلە».

مەيلى ئوڭۇشلۇق شارائىت ياكى ئوڭۇشسىز شارائىتتا بولسۇن، پارتىيەمىز باشتىن - ئاخىر كۆلپەتنى قەلبىگە پۈكۈپ، سەگەك ھەم قەتئىي بولدى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، بىز ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، لېكىن يەنە ناھايىتى كۆپ مەسىلىگىمۇ دۇچ كەلدۇق.» 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ سەممىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆز قىلدى: «ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچتىن چەتنىگەندە، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىدۇ، رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، كەلگۈسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.» «ئەگەر ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشتەك جاسارەت ۋە ئىقتىدار كەمچىل بولسا، پارتىيەمىز خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرۇش، ياشلىق باھارىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ».

يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدىن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگىچە، پارتىيەمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتەك سىياسىي جاسارىتى خاتىرىلەنگەن. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كىردى، «پاراخوت ئوتتۇرا ئېقىنغا بارغاندا دولقۇن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئادەم تاغنىڭ بېلىگە بارغاندا تاغ تېخىمۇ تىكلىشىدۇ»، پارتىيەمىزنىڭ «پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزگە قارىتىشتەك ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى»غا تېخىمۇ موھتاجمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشىدا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، توختىۋېلىش، دەم ئېلىۋېلىش خىيالىدا بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.» «پارتىيەمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مۇشۇنداق ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇردى، بۈگۈن بىز قانات يايدۇرۇۋاتقان ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشىدۇر. پارتىيە ئىچىدىكى مۇشۇنداق مەركەزلىك تەربىيە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە دائىم ئېلىپ بېرىلىدۇ».

«ئۇ بىر خىل تازىلاش - رەتلەش، خۇددى بىز ھەربىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا ئوخشايدۇ.» باش شۇجى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ ئوخشاتتى: «بىز ھەر كۈنى چىشىمىزنى چوتكىلاپ، يۈزىمىزنى يۇيىمىز، تازىلىق قىلىمىز، چىنە - تەخسىلىرىمىزنى، كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى يۇيىمىز، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك. چاڭ - توزانلار كۆپ بولسا، چاڭ - توزانلارنى تازىلاش كېرەك؛ چىش پاكىز بولمىسا، چىشنى چوتكىلاش كېرەك؛ تەن ساغلام بولمىسا، كېسەلنى داۋالاش كېرەك. نېمە مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، نېمە كەمچىل بولسا شۇنى تولۇقلاش، بەزىلىرىنى نىشانلاش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، كېسەلنى يوشۇرماسلىق، دوختۇردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىق كېرەك».

پەقەت 50 نەچچە پارتىيە ئەزاسىدىن 90 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىغىچە، 90 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەرەققىي قىلىپ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەگە ئايلىنىپ، ۋەزىيەت كۆپ ئۆزگەرگەن 100 يىللىق تارىخ بېتىدە ئۆچمەس رىۋايەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. تارىخ ماياكقا ئوخشاش كىشىلەرنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدۇ. مۇشۇ يىللاردا شىبەيپودىن «بېيجىڭغا كىرىپ ئىمتىھان بېرىش» يولىدا قايتا مېڭىش، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى باشلاپ شاڭخەيدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 1 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جايغا ۋە جياشىڭدىكى نەنخۇ كۆلىگە بېرىپ پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاش، جياڭشى گەنجوۋدىكى كونا ئىنقىلابىي رايونغا بېرىپ مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپەر ئىزىنى ئىزدەش... باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىزچىل چوڭقۇر ئويلاندى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى نېمە ئۈچۈن ھەر قېتىم مۈشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قايتا ھاياتلىققا ئېرىشەلىدى؟ نېمە ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدى؟

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «چۈنكى بىز ماركسىزم بىلەن قوراللانغان بىر پارتىيە، جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىرادە باغلىغان بىر پارتىيە، خەلق ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بىر پارتىيە»، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى قىلىش، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىش كېرەك».

■ قانداق قىلغاندا «ئۆگىنىش ئۆگىنىش پېتى، ئىش ئىش پېتى» بولۇشنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟

«كوممۇنىستلار بىر بولسا دېمەسلىكى كېرەك، دېگەن ئىكەن ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.» بۇ جاراڭلىق قەسەم، شۇنداقلا غەيرەت - شىجائەت ۋە ئەمەلىي كۈچ. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيە - ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىن «ئۈچتە تەلەپچان، ئۈچتە راستچىل بولۇش» مەخسۇس تېما تەربىيەسىگىچە، يەنە «ئىككىنى ئۆگىنىش، بىر بولۇش» ئۆگىنىش تەربىيەسىگىچە... ھەربىر قېتىملىق مەركەزلىك پارتىيە ئىچىدىكى تەربىيەدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ھەممىسىدە ئاچقۇچ بولدى. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئېچىلغان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئاتلىنىپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تۈزىتىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

«ئۆگىنىشنى ئۆگىنىش پېتى، سۆزنى سۆز پېتى، ئىشنى ئىش پېتى قالدۇرۇشقا بولمايدۇ»، بۇ سۆزنى ئۇ مۇشۇ قېتىم ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان، يېتەكچىلىك قىلغان مەزگىلدە كۆپ قېتىم تەكىتلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تا مۇھىمى بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقىي تۈردە قەلبكە سىڭدۈرۈش، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

بىلىش قىيىن ئەمەس، قىلىش بەك قىيىن. بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش - كەلتۈرەلمەسلىك بىر پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرنىڭ ئىدىيەۋى ئىستىلى ۋە سىياسىي نەتىجە قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ بىلىش بىلەن قىلىش بىر - بىرىدىن ئايرىلسا، ئارقىسىدا چوقۇم شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ تەسىرى بار. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە شەكىلۋازلىقتىن، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش مەخسۇس تۈزەشنىڭ نۇقتىلىق مەزمۇنى قىلىندى.

تەبىئىي بايلىق نازارىتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزلىرى دىللارنى يورۇتتى: «شەكىلۋازلىق ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ! ھازىر، بەزى يولداشلار ئۆگىنىشتە شەكىلگىلا ئۆگىنىپ، رەسمىيەتچىلىك قىلىپ، ساختا ۋاستە قوللىنىۋاتىدۇ، بەزىلەر ھەتتا توردىن تەييار قول يازما، ئۆگىنىش خاتىرىسى سېتىۋېلىپ، ئېلىپ كېلىپ كۆپەيتىپلا ئۆزىنىڭ تەسىراتى قىلىۋېلىۋاتىدۇ.» «ئۆگىنىشتە شەكىلۋازلىق قىلىشقا بولمايدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىراپ كېتىشكە بولمايدۇ، ھەر قېتىمدا بەزى يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بولسا، ھەر قېتىمدا بەزى تەسىراتلارغا ئىگە بولساق، ھەر قېتىمدا بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولساق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ، چۈشەنچىمىزمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىدۇ».

«ئەمەلىي بولۇش، ساختىپەزلىك قىلماسلىق كېرەك؛ ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك. كونكرېت خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىر قېتىمدا بىر نەچچىسى ھەل قىلىنسا، بۇمۇ ناھايىتى ياخشى. بىر - ئىككى قېتىملىق تەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق چوڭ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى جاكارلاشنى ئۈمىد قىلماسلىق كېرەك. ‹ئىنقىلاب تېخى غەلىبە قازانمىدى، يولداشلار يەنىلا تىرىشىشى كېرەك›، بۇ سۆز مەڭگۈ قۇلاق تۈۋىمىزدە جاراڭلاپ تۇرۇشى كېرەك».

بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ، سۆزلەش بىلەن ئىشلەشنىڭ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتىنىڭ پۈتكۈل مۇساپىسىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»نى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا يازغان، ئۇنىڭ قوشۇمچە تېمىسى «بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى —— بىلىش بىلەن قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» ئىدى. بۇ ئۇلۇغ ئەسەر ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيەنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلغانلىقىنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى بولۇپ، ھازىرغىچە مەسىلىلەرنى تونۇش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى بولۇپ كەلمەكتە. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم «سۆزلەش» بىلەن «ئىشلەش»نىڭ دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ، كەڭ كۆلەمدە مەدھىيە ئوقۇلغان نۇرغۇن ئالتۇن جۈملىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «قۇرۇق گەپ دۆلەت ئىشلىرىنى ئاقسىتىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەش دۆلەتنى گۈللەندۈرىدۇ»؛ «ھەقىقەت ئاددىي بولىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەش ھەممىدىن مۇھىم»؛ «قوزغىلىپلا ھەرىكەت قىلالايدىغان ھەرىكەتچىلەردىن بولۇش، ئولتۇرۇۋېلىپ قۇرۇق تەلىمات سۆزلەيدىغان پاراڭچىلاردىن بولماسلىق»...

قانداق قىلغاندا بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ ئاۋۋال بىلىش، چۈشىنىش كېرەك. تەبىئىي بايلىق نازارىتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇل بايلىق توپلانغان ئويمانلىق، كەڭ يايلاق، چەكسىز ئورمان، بىپايان قۇملۇق، زور قېزىلما بايلىق بىر گەۋدىلەشكەن، بايلىق مول ھەم خىلى كۆپ، نۇرغۇن بايلىقلارنىڭ زاپاس مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىچكى موڭغۇل يەنە دۆلىتىمىزنىڭ شىمالدىكى مۇھىم ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى. ئىچكى موڭغۇل ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى بەلگىلىشىگە بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، ئۆز ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىگە بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، مەسىلىنى ھەقىقىي، ئەمەلىي ھەل قىلىش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئۆلچەمى قىلىش ئارقىلىق بىلگەن ھامان تۈزىتىش، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرھال تۈزىتىش كېرەك، كەينىگە سۈرەشكە بولمايدۇ، ساختىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىچكى موڭغۇل ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىلىق تۈزەيدىغان 12 جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىگە قارىتا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «تۈزىتىشتە ھەقىقىي، ئەمەلىي بولۇش، ھەقىقىي قول سېلىپ قىيىنغا تېگىش، چىڭ كۆزلەپ قويۇۋەتمەسلىك، ئاخىرغىچە چىڭ تۇتۇش كېرەك، ياسالمىلىق قىلىشقا، تەيجى گۆمپىسى ئويناشقا بولمايدۇ، يۈزەكى تۈزىتىش، ساختا تۈزىتىش، قەغەز يۈزىدە تۈزىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك».

■ خەلقنى كۆڭۈلگە پۈكتىمۇ - يوق؟

پارتىيەمىز خەلق ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن، خەلق ئۈچۈن گۈللەندى، ئۇنىڭ يىلتىزى خەلقتە، جان تومۇرى خەلقتە، كۈچى خەلقتە. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە باشتىن - ئاخىر «خەلق» دېگەن سۆز چىڭ ئىگىلەندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: «ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك».

باش شۇجىنىڭ مۇشۇ يىللاردا تەكشۈرگەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىكى ئاياغ ئىزلىرىنى ئىزدىگەندە، سەيبېي ئېگىزلىكىدىن ۋۇمېڭ تاغلىق رايونىغىچە، چىنلىڭ ئىچكى رايونىدىن خۇنەننىڭ غەربىدىكى تاغلارغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بوستانلىقتىن چەكسىز ئورمان قارلىق داللارغىچە، شەھەردىكى مەھەللىلەردىن كونا ئىنقىلابىي رايونلارغىچە، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 14 توپ تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايونلارنى ئايلىنىپ چىقىپ، نۇرغۇنلىغان نامرات ئائىلىلەرگە كىردى. ھەر قېتىم بىر جايغا بارغاندا، ئۇ ھەمىشە كەنتكە ۋە ئائىلىلەرگە كىرىپ، كەمبەغەللەردىن ھال سورىدى، ئاممىنىڭ ئېتىۋاتقان تامىقىنى كۆردى، كارىۋاتتىكى يېپىنچىلىرىنى تۇتۇپ باقتى، ھال - ئەھۋالىنى سورىدى، ھەر جەھەتتىن كۆيۈنۈپ غەمخورلۇق قىلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا يۈزلىنىپ، ئۇ ھەمىشە كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «مەن خەلقنىڭ خىزمەتكارى».

ئىچكى موڭغۇل سەپىرىدە، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشى يەنىلا باش شۇجىنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ چوڭ غېمى ئىدى.

مەھەللىدە، ئۇ ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشكە قولايلىقمۇ - ئەمەسمۇ، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەللەشكەنمۇ - ئەمەسمۇ، مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بارمۇ - يوق دېگەنلەرنى تەپسىلىي ئىگىلىدى؛ ئورمانچىلىق مەيدانىدا، ئۇ ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن مائاش كىرىمى، بالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، تۇرالغۇ ئۆيىنى ياخشىلاش ئەھۋالى توغرىسىدا پاراڭلاشتى؛ يېزا - كەنتلەردە، ئۇ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، پار قازاننى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانا ئىنقىلابى، يوندى ۋە ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى كۆردى، ئاممىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆردى... پۇقرالارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى باش شۇجىنىڭ قەلبىدە باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، چىفېڭ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر دېھقان ھويلىسىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شۇ جايدىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئەتراپتىكى قوشنا يېزىلاردىن كەلگەن كادىرلار، ئاممىمۇ باش شۇجىغا بەس - بەستە يېڭى قىياپەت، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن مەمنۇن بولدى، يەنە توختىماي: يۇرتداشلارنىڭ يەنە قانداق قىيىنچىلىقى بار؟ كەنتتە يەنە قانچىلىك نامرات ئائىلە بار؟ قاچان نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدۇ؟ دېگەنلەرنى سورىدى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار «ئىچكى موڭغۇلنىڭ بۇ يىل 140 مىڭدىن ئارتۇق نامراتنى ئازايتىشنى پىلانلىغانلىقىنى، دۆلەت بېكىتكەن 20 نامرات خوشۇن، ناھىيەنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىق قاتارىدىن چىكىندۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى» تىلغا ئالدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا: ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت دەرىجىلىك نامرات خوشۇن، ناھىيەلىرىدىن يەنە قانچىسى قېپقالدى؟ قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالايسىلەر؟ دەپ سورىدى.

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ۋەزىپە - نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يەنە 500 نەچچە كۈن قالدى. نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن مۈشكۈل بولۇۋاتىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بەرگەن تەنتەنىلىك ۋەدە. كوممۇنىستىك پارتىيە دېگىنىنى چوقۇم قىلىشى كېرەك، شۇنداقلا چوقۇم قىلالايدۇ. باش شۇجى كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ مۇنداق دېدى: «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ساناقلىقلا كۈن قالدى. بىز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەھەر، يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق، بۇ جۇڭگو نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىشقا ئاشۇرۇپ باقمىغان ئىش. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ‹ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش› ھەل قىلىنسىمۇ، سەۋىيەسى يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر، يېزىلارنىڭ رايون تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسى يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك. كېمىنى ئېقىنغا قارشى ھەيدىگەندە، ئىلگىرىلىمىسە چېكىنىدىغان گەپ! بىز داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىشىمىز، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشىمىز كېرەك».

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا خەلققە بەخت يارىتىشتۇر. باش شۇجى مۇنداق كۆرسەتتى: «ئەستايىدىل رەتلەپ، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ - يوق، شەخسىي غەرەز ۋە ھەر خىل خىياللار بارمۇ - يوق، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتىدىن چەتنىدۇقمۇ - يوق، دېگەنلەرگە قارىشىمىز كېرەك.» ئىچكى موڭغۇل «ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسى، پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش»نىغا قارىتا تاراتقۇلارنىڭ «تۈزىتىش داۋاملاشماقتا» سەھىپىسى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ باھالىشىغا سۇندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: خەلق پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭ ئاساسى، شۇنداقلا پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭقۇر ئۇلى. دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەلرايى ئەڭ چوڭ سىياسىي. پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئۆزگەردىمۇ - يوق، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىدىمۇ - يوق، بۇنى ئاممىلا باھالايدۇ، ئەمەلىيەت سىنايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىنى، غەم - ئەندىشىسىنى، ھال - ئەھۋالىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھەر ۋاقىت ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە دەۋا - تەلىپىنى كۆڭلىدە ساقلاپ، تىرىشىپ تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن پارتىيەدىكىلەرنى مۇنداق ئاگاھلاندۇردى: «باش تېما تەربىيەسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى، مىڭ قېتىملاپ، تۈمەن قېتىملاپ ئېيتقاندا، بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىيالايمىز، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جەزمەن باشتىن - ئاخىر جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشى، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشى كېرەك. بۇ ئىشنى ياخشى قىلساق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلەيدۇ، دۆلەت ئەبەدىي ئەمىن بولىدۇ، جۇڭگو خەلقى ئۈزلۈكسىز تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا قەدەم تاشلىيالايدۇ، جۇڭخۇا مىللىتى چوقۇم ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ!»

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۆكخوت، 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)